دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# بەختلىك، ئامان ـ ساغلام بولۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇقى

□ چېيەن جىنيۇ

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قارشى تۇرغان ئەھۋالدا، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ماقۇللىنىشى پۈتۈن يەر شارىغا ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىشنى بەدەل قىلىشتىن يانماي، داۋاملىق «كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى» ۋە «دېموكراتىيە مۇھاپىزەتچىسى» قىياپىتىدە ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، قوش ئۆلچەمنى يولغا قويۇپ، «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «دېموكراتىيە»نى سىياسىي ئىستىلىستىكا ۋە ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالى قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى.

ئەمەلىيەتتە، 20 ـ ئەسىردىن بۇيان، كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى ئىستراتېگىيەسىنى بەرپا قىلىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. ۋىلسون ھۆكۈمىتىدىن باشلاپ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئامېرىكا تەبىئىي ئىسپاتلاش ھاجەتسىزدەك بىر خىل ئەخلاق ئەۋزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدى. «ئامېرىكا مۇستەسنا سەپسەتىسى» ئامېرىكىنى «تەقدىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە دۇنيانى قۇتقۇزۇشتەك ئىنتايىن كۈچلۈك ئالاھىدە ساپاغا ئىگە» دۆلەت قىلىپ يارىتىپ، ئامېرىكىچە كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيەنى مۇقەررەر پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرمەكچى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىدېئولوگىيەنىڭ كەسكىن تىركىشىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنى دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسى يېتەكچىلىكى ۋە سىياسەت بەلگىلەش ئورنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش بولدى، يەنى سىياسىي غايىۋىزىم ۋە سىياسىي خىيالپەرەسلىك تەرەك قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيە ئەندىزىسى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان، سىياسىي رېئالىزمنى تەرەك قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيەسى بولۇپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەردى. بولۇپمۇ برايتون ئورمانلىقى سىستېمىسىنىڭ پارچىلىنىشىدا، ئامېرىكا نېفت بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنى چېتىش ئارقىلىق ئامېرىكا دوللىرىنىڭ خەلقئارالىق ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يارىتىدىغان دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم يولغا قويغاندىن كېيىن، سىياسىي رېئالىزمنى تەرەك قىلغان بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيەسى تېخىمۇ ئېنىق بولدى. دەل كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيەسىنىڭ ئارقىسىدىكى سىياسىي رېئالىزملىق ئويلىنىش ئامېرىكىنى يەر شارىۋى دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە پەرقلىق قوش ئۆلچەم قوللانتقۇزدى. ئامېرىكا ئالىملىرىمۇ: «كىشىلىك ھوقۇق گەرچە ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق جايغا ئارىلىشىشىدىكى سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى خالىغان جاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تاللىمىغان ئەھۋالدا باشقۇرمايدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

بۇ قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىمۇ ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيە تاكتىكىسىدۇر. ئامېرىكا شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىي مەدەنىيلىك مۇساپىسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بەلكى ئاتالمىش شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، ئۆزى «ئەڭ چوڭ رىقابەتچى» دەپ قارايدىغان جۇڭگونى بېسىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە تەشەببۇسكار بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا دەللاللىق ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان سانلىق مەلۇمات، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دېلو مىساللىرى ۋە زىددىيەتلىك تەكشۈرۈش يەكۈنىنى ئاساس قىلىپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ئۈنچىۋالا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئامېرىكىچە پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى دېموكراتىيەنىڭ ياتلىشىش مەسىلىسى، داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى، قورال ـ ياراغ زوراۋانلىقى جىنايىتى ۋە زەھەر جىنايىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان ئەمەلىي كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىدۇر. بۇ خىل مۇددىئا ۋە ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئامېرىكىدىكى قىسمەن سىياسىي مەنپەئەت گۇرۇھلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان چېگرا سىرتىدىكى «كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نىڭ چىنلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى پەقەت كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئاتالمىش «چىنلىق»ىغا ئىشەندۇرۇش، خالاس.

ئۇنداقتا، شىنجاڭدىكى ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى زادى قانداق؟

ئۇزاقتىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» تىل بىرىكتۈرۈپ، دىننى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭدىكى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، دىنىي تەلۋىلىككە قۇتراتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيدىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قاتنىشىشقا قايمۇقتۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نۇرغۇنلىغان پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زوراۋانلىق، تېررورىزم جىنايىتى ۋە دىنىي ئەسەبىزىم قىلمىشى ئالىلقاچان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تىنچ تەرتىپىگە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، شىنجاڭ رايونىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى قوغداش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ۋە رامكىسى ئىچىدە زوراۋانلىق،

تېررورىزم جىنايىتى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك قىلمىشلىرىغا زەربە بەردى ۋە ئۇنى قائىدە ـ تۈزۈملەشتۈردى. ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق نىزاملارنى ماقۇللاپ، تېررورىزمغا، ئەسەبىزمگە قانۇن بويىچە زەربە بەردى ۋە ئۇنى قانۇن بويىچە تىزگىنلىدى.

شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەتنىڭ خەۋپسىزلىك، مۇقىملىق دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ، جەمئىيەت گۈللەنگەن، مۇقىم بولغان، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكى ئۈزلۈكسىز ھالدا تېخىمۇ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. مەسىلەن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، پەقەت 2014 ـ يىلدىن بۇيانلا 3 مىليونغا يېقىن نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ھازىر 24 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 530 مۇسۇلمان ئاممىغا بىر مەسچىت توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى تولۇق ھۆرمەتلەندى ۋە قوغدالدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ!

بەختلىك، ئامان ـ ساغلام بولۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇقى. ئامېرىكا ۋە «ئۈچ خىل كۈچ» «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقى ـ ساغلاملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى.

مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقى ـ ساغلاملىقى ئىشقا ئاشقان ئەڭ ياخشى مەزگىلدە، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش مەسىلىسى ئىشقا ئاشقان، تەرەققىي قىلغان مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ھالدا خىيالەن ھۆكۈم قىلىشى ۋە بىر تەرەپلىمە قارىشىغا باغلىق ئەمەس. ئېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلا ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە!

**(ئاپتور غەربىي شىمال سىياسىي ـ قانۇن داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىجرائىيە يۈەنجاڭى، پروفېسسور) (2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي، كەسكىن قوغدايمەن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئامېرىكا تەرەپنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى تېررورىزمغا مەدەت بەرگەنلىك، يامانغا يان تاياق بولغانلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپ. بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ـ كەچۈرمەيۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلگىنى، غەمخورلۇق قىلغىنى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭغا قەستەن تۆھمەت قىلىش، جۇڭگوغا قارا چاپلاشتىن ئىبارەت يەنە بىر قېتىملىق رەزىل ئويۇن ئوينىغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشتەك ھەرقانداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ، جەزمەن ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەيدۇ.

ھازىر، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر سانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۈچ يىللىق ھەقسىز يەسلى مائارىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدالدى، ۋارىسلىق قىلىندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئەل ئارىسىدىلا تارقالغان، سىستېما بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ رەتلىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 12 مۇقامى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاھالە كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلار ئاساسەن جەھەتتىن كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، بۈگۈنكى كۈندە، ھەر مىللەت خەلق ئەمەن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش قاتارلىق سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئەمەن ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى؛ قاتناش شارائىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى قاتناش قورالى ئاساسلىقى ئات ۋە ئات ھارۋىسى قاتارلىقلار ئىدى، بەزى جايلار ھەتتا «دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان» ھالەتتە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىياتسىيە ھەر تەرەپكە تۇتاشقان زامانىۋى ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى شەكىللىنىپ، كىشىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشى قولايلاشتۇرۇلۇپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى رايونلار، دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىنىمۇ يېقىنلاشتۇردى؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى كۈچەپ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، «ئۇششاق كېسەل كەنتتىن چىقماسلىق، كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەل يېزىدىن چىقماسلىق، ئېغىر كېسەل ناھىيەدىن چىقماسلىق» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى بارلىقى بولمايتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك، ئامان ـ ساغلام بولغان گۈزەل تۇرمۇشى بولمايتتى.

ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ. مەن ئامېرىكىدىكى رەزىل نىيەتلىك ئاشۇ كىشىلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭ مەسىلىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەرقانداق تۆھمەتنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسيالمايدۇ؛ ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى جەزمەن كالللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي، كەسكىن قوغدىشى كېرەك. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ۋە بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەتئىي ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم تەرىپى. بۇ يىل دۆلەت بايرىمىدىن كېيىن، ««شىنجاڭدا ياسالغان› يان تېلېفون 1 مىليون 300 مىڭدىن ئاشتى» دېگەن بىر خەۋەر جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىنجاڭ مىڭۋېي ئېلېكترونىنىڭ تۇنجى يان تېلېفونى ئىشلەپچىقىرىلدى، زاۋۇت ئۆيلىرىنى بېزەش، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەپ سىناق قىلىشتىن تۇنجى تۈركۈمدىكى يان تېلېفوننىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا پەقەت 60 كۈنلا كەتتى. ھازىر، بۇ كارخانىنىڭ ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن بەشى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن ئىككىسى بار، ھازىر بار بولغان 400دىن ئارتۇق ئىشچىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭلىق. كارخانىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ياخشىلاشتا قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بۇ كارخانىدا جانلىق گەۋدىلەندى. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، «ھەمراھ زاۋۇت»نى كەنتتە قۇردى، نۇرغۇن ئوتتۇرا ياش، ياش ئاياللار ئىشىك ئالدىدىكى زاۋۇتتا ئىشلەپ، ھەم پۇل تېپىپ تۇرمۇشنى ياخشىلىدى، ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، بازارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تەرەققىيات مەسىلىسى، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە كەڭ بوشلۇق ئېچىپ بەردى. شىنجاڭدىن ئىبارەت كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان مۇشۇنداق بىر رايوندا، كەسىپ تۈرلىرى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ كىرىشىنى قەتئىي چەكلەپ، يېشىل ئايلانما ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، بولۇپمۇ يېشىل تەرەققىيات جەھەتتە ئوخشاشلا جانلىق، تەسىرلىك ئىشلارنى قىلدى. يۇندى مېيى، ئۆسۈملۈك مېيىنى تارتىشتىن چىققان كېرەكسىز ماتېرىياللار شىنجاڭ فۇكې نېفت مەھسۇلاتلىرى پاي چەكلىك شىركىتىدە بىر ئايلىنىپ «چىققان»دىن كېيىن، كېرەكسىز نەرسىدىن گۆھەرگە ئايلىنالايدۇ؛ مېڭنيۇ سۈتچىلىكى شىنجاڭ تيەنشۆ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى ئۆلمىي بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن قايتا پايدىلىنىپ، بىر يىلدا 70 مىڭ كۇب مېتىرغا يېقىن سۇنى تېجەپ قالدى؛ ئۈرۈمچى دالۇگو، شياۋلۇگۇ قاتارلىق ئېكولوگىيە باغچىلىرىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى پۇقرالارنىڭ ئولتۇراقلىشىش، ياشاش مۇھىتىنى بىۋاسىتە ياخشىلىدى. يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بايلىق ياراتتى، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۆستۈردى، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قالدۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: شىنجاڭ «يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈشى، زورايتىشى كېرەك». بۈگۈنكى شىنجاڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندى. تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئاچقۇچنى چىڭ كۆزلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلەتكەندە، چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور خەلق گېزىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇخبىرى) (12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رەيھانگۈل مۇنداق دېدى: «بۇرۇنقى كونا كەنتتە، بالىلارنىڭ فتور مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن سۇنى ئىچكىنىنى كۆرۈپ، مەن بەك ئەندىشە قىلاتتىم، ھازىر خېلى يېنىكلەپ قالدىم».

دەريا بويى يېزىسىلا ئەمەس، 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا 31 مىڭ 600 ئادەمنىڭ ئىچىدىغان سۇ تېپىدىكى فتور ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسى پۈتۈنلەي ھەل قىلىندى.

كەلپىن ناھىيەسىدە، تۇرۇبا يولى ئارىلاشتۇرغۇچ، مېخانىكىلىق تالاسمان ئۈيىما كۆلچىكى، تىندۇرۇش كۆلچىكى، D شەكىللىك سۈزۈش كۆلچىكى ۋە سۈزۈك سۇ كۆلچىكى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، بىخەتەر تۇرۇبا سۈيى تۇرۇبا ئارقىلىق مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە ئېقىپ كىرىدۇ. «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۆلەت مەبلەغ سالغان، كىشى بېشىغا 10 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.» كەلپىن ناھىيەلىك شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى غېنى ئابدۇراخمان مۇنداق دېدى: «ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئارقىلىق، سۇ سۈپىتىنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە يەتتى، سۇ مىقدارىمۇ لايىھەدىكى نىشانغا يەتتى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 56 مىڭ ئادەمنىڭ بىخەتەر سۇ ئىچىش مەسىلىسى پۈتۈنلەي ھەل قىلىندى».

بىخەتەر سۇ ئىچىش كىشىلەرنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. «كەلپىن ناھىيەسىدىكى سۇنىڭ مىنېرال ماددا مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى، نۇرغۇن ئادەم بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك نەيچىسىدە تاش پەيدا بولۇش، ئۆتتە تاش پەيدا بولۇش قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان.» بۇ ناھىيەدىكى يۇرچى يېزىلىق شىپاخانىنىڭ شىپاخانا باشلىقى سۈن لىپىڭ مۇنداق دېدى: «بىز تۇنجى قېتىم ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، كەلپىن ناھىيەسىدىكى 20%كە يېقىن ئادەمنىڭ تۈرلۈك تاش پەيدا بولۇش كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بايقىدۇق! بۇ يىل 6 ـ ئايدا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلغان 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشتە، تاش پەيدا بولۇش كېسەلىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ 20% ئازايغانلىقىنى بايقىدۇق، داۋالىنىشقا كېلىدىغان ئاغرىقلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازايدى!»

پەيزاۋات ناھىيەسىدە، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش تاماملىنىپ، يىللىق ۋەزىپىنىڭ 84%نى ئىگىلىدى. گەز دەرياسىدىن ئېقىپ كەلگەن قارمۇز سۈيى بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق تۇجۇپېلەپ بىر تەرەپ قىلىنىپ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە يەتكەندىن كېيىن، تۇرۇبا يولىدا ئېغىرلىق كۈچى تېپىدىكى سۇ يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيەسى قاتارلىق بىر شەھەر، تۆت ناھىيە ۋە بىڭتۈەن 3 ـ شىسىنىڭ قىسمەن تۈەن ـ مەيدانلىرىغا ئۇزۇلدۇرمەي يەتكۈزۈلىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي تاماملانغاندىن كېيىن، سۇ بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، تۆر رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، يەرلىك كېسەللەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئازىيىدۇ.

2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدىن 116 تۈر تاماملىنىپ، يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، سۇ مەمۇرىيىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق قاتارلىقلارنىڭ ساھەنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئومۇمیۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، سۇ مەنبەسى رايونلىرى ئومۇميۈزلۈك، پائال، قاتتىق قوغدالدى. «بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پائال ئىلگىرىلىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 2020 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن.